

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى
70

# جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا مېڭىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىڭ)** 2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىسلاھات خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى، يەنى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان، ئىستىلى ياخشى خەلق ئارمىيەسى قۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ھەم بۇ نىشاننى زىچ چۆرىدەپ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى پىلانلىدى.

2013 - يىلى 11 - ئايدا، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيە ئىرادىسى ۋە دۆلەت ھەرىكىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

2014 - يىلى 3 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەربىي كومىتېت ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئىسلاھات مۇھىم تەدبىرى ئىش تەقسىماتى لايىھەسى ۋە ئىسلاھات خىزمىتى يول خەرتىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىسلاھات خىزمىتى ماھىيەتلىك ئالغا سىلجىتىش باسقۇچىغا كىردى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىسلاھات خىزمىتى يىغىنىدا دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىلدى. يىغىندىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئىسلاھات خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەيدان ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش رەسمىي باشلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش، ئۇرۇش رايونى ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئارمىيە تۈرلىرى ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇش ئومۇمىي پرىنسىپى بويىچە رەھبەرلىك - قوماندانلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلىپ، ئارمىيە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ كۆلەم قۇرۇلمىسى ۋە كۈچ تۈزۈلۈشى ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلىپ، جۇڭگوچە زامانىۋى ھەربىي كۈچ سىستېمىسى بەرپا قىلىندى؛ ھەربىي ئىشلار سىياسەت - تۈزۈمىگە قارىتا سىستېمىلىق، چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ھەربىي ئىشلار سىياسەت - تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، تاكامۇللاشتۇرۇلدى. «ئۈچ چوڭ جەڭ» پەلەمپەيسىمان داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئالدى - كەينى جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، ئارمىيە ئىسلاھاتىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش نىشانىغا قاراپ ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلاندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «ئورمان قوغداش قەھرىمانى» خۇ جۇنشېڭ: يېشىل تاغنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر گو جيېيۈەن)** خۇ جۇنشېڭ، 1950 - يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ خۇەيۇشەن تېغى ئېتىكىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1968 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، ئىككىنچى يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 17 يىل ھەربىيلىك ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، 1985 - يىلى قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شاڭراۋ ناھىيە(ھازىرقى گۇاڭشىن رايونى)لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كەلگەن. 1988 - يىلى 3 - ئايدا، شاڭراۋ ناھىيەسىدە ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن خۇ جۇنشېڭنى شۆبە ئىدارىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن.

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خۇ جۇنشېڭ بىر قېتىملىق ئالاھىدە زور ئورمانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسىغا دۇچ كەلگەن. بۇ 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بولۇپ، شاڭراۋ ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چيەنچېڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدا، نەچچە يۈز قانۇنسىز ئۇنسۇر 100 كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچنى بۇلاپ، 300 مودىن ئارتۇق ئورماننى ۋەيران قىلىپ، 12 يېزا - كەنت كادىرى ۋە ئورمان مۇھاپىزەتچىسىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانىدى. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۇ جۇنشېڭ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان. لېكىن، دېلو ئىككى ناھىيە تۇتىشىدىغان جايدا يۈز بەرگەچكە، ئىسپات ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان.

دېڭىز يۈزىدىن 1100 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى «بۆركۈت تۇمشۇقى» تىك قىيا بولۇپ، ئارقا تەرىپى يانتۇلۇق ئىدى. خۇ جۇنشېڭ باشلامچىلىق بىلەن تىك قىياغا يامىشىپ چوققىغا چىقىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە تاغ چوققىسىدا ئىككى كېچە - كۈندۈز مۆكۈپ تۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئاخىر ئوغرىلىقچە دەل - دەرەخ كېسىۋاتقان يەتتە نەپەر ئۇنسۇرنى تۇتقان. ئارقىدىنلا، خۇ جۇنشېڭ داۋاملىق غەيرەت قىلىپ، كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئالاھىدە زور ئورمان ۋەيران قىلىش دېلوسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتقان.

شۆبە ئىدارىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغان سەككىز يىلدا، خۇ جۇنشېڭ ئەسلىي مەقستىنى چىڭ ساقلاپ، ئورماننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، جەمئىي 1100دىن ئارتۇق ئورمانغا ئالاقىدار دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇپ كەلگەن.

خۇ جۇنشېڭنىڭ ئىللىق، بەختلىك ئائىلىسى بار، ئۇ خوتۇنىغا، قىزىغا كۆيۈنەتتى. بىراق ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىققاندا ئۇ ھەممىشە ئالدىراشچىلىقتا ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىيالمايتتى، ئۆزىنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

ساقچىلىق كەسپى خەتەرگە تولغان كەسىپ، خۇ جۇنشېڭ ئون يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا، ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، بىر - بىرىدىن كۈچلۈك خەتەرلەرگە ئۇچرىغان. خەتەر ئالدىدا، ئۇ ھەر قېتىم سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان.

1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، خۇ جۇنشېڭ شۆبە ئىدارىدىكى كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ، بۇيرۇققا بىنائەن ناھىيە بازىرىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جوۋشوۇن كەنتىگە بىر ئامانلىق دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارغان. جوۋشوۇن كەنتى 6000دىن ئارتۇق ئاھالىسى بار كەنت، ئەينى چاغدا كەنتتە بىر توپ يەرلىك قارا، رەزىل كۈچلەر بار بولۇپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، پەقەت ئورماننى ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى سادىر قىلىشتىلا، قىسقىغىنا ئىككى يىلدا 170 مو تاغ ئورمىنىنى قانۇنسىز كېسىپ، 150 مو دەريا توسمىسى ئىھاتە ئورمىنىنى ۋەيران قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيەسىنى تولدۇرغۇسىز زىيانغا ئۇچراتقانىدى.

خۇ جۇنشېڭ كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ كەنتكە بۆسۈپ كىرىپ، جىنايەتچىلەرنى قورشىۋېلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ چېكىنىش يولىنى توسقان. خۇ جۇنشېڭ سەپداشلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى يالاپ ئېلىپ مېڭىشىنى ھىمايە قىلىپ كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر جەڭگىۋار گۇرۇپپىدىكى كادىر - ساقچىلار يەرلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ غالجىرلارچە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان. تۆمۈر كالتەك، تاشلار... كادىر - ساقچىلارنىڭ بېشىغا يامغۇردەك ياغقان.

ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، خۇ جۇنشېڭ ئالدىغا ئۆتۈپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىغان كادىر - ساقچىلارنى قۇتقۇزغان. دەل شۇ چاغدا، «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن، بىر پاي ئوق خۇ جۇنشېڭنىڭ قورسىقىغا تېگىپ، قانغا مىلىنىپ يىقىلغان.

خۇ جۇنشېڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەردى. ئۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئەسلىي مەقستىنى چىڭ ساقلاپ، ئورماننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، يېشىل تاغنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

# «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش-تەربىيەسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىڭ)** 2016 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ‹پارتىيە نىزامنامىسىنى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىش، يۈرۈشلۈك سۆزىنى ئۆگىنىش، لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش› ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامغا كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇشتىكى كۈچلۈك تۇتقا ئىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىغا سىجىل تۈرتكە بولدى، ئالدى بىلەن پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە - ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ئاندىن ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچتە تەلەپچان، ئۈچتە راستچىل بولۇش» مەخسۇس تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى. ئىككى قېتىملىق مەركەزلىك تەربىيەدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيەنى «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»دىن كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا كېڭەيتىش، مەركەزلىك تەربىيەنى دائىملىق تەربىيەگە كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ھەربىر ياچېيكىغىچە ئەمەلىيلەشتۇرۇش، ھەربىر پارتىيە ئەزاسىغىچە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى لايىھەدىكى تەلەپ بويىچە، پارتىيە نىزامنامىسىگە ھۆرمەت قىلىش، پارتىيە قائىدىسىگە رىئايە قىلىشنى ئاساسىي تەلەپ قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئۆگىنىشنى ئاساس، بولۇشنى ئاچقۇچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيە، تەشكىلات، ئىستىل، ئىنتىزام قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى پۇختا، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسى ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيە ئىدىيە، ئىستىل، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە يەنە بىر قېتىم مەركەزلىك «كالتىسى تولۇقلاش» ۋە «ماي قاچىلاش» ئېلىپ باردى، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ «تۆت ئېڭى» كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇش تېخىمۇ قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ تايانچلىق، باشلامچىلىق رولى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئۈلگىلىك رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى.

2017 - يىلى 3 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «‹ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش› ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» قاتارلىق ئاساسىي تۈزۈملىرىگە كىرگۈزۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قىلدى.

# خەلق ساقچىسى شۇ چىڭ: سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋجىڭ)** ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، شۇ جۇجۇ ۋۇخەن شەھىرى جيۇفېڭشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن دادىسى شۇ چىڭغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ — 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، بىر جىنايەتچىلەر شايكىسىنى تۇتۇش جەريانىدا، ئەينى چاغدىكى ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شۈيشاڭ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى شۇ چىڭ سەپداشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى شۇ جۇجۇ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەنىدى. 2009 - يىلى 3 - ئايدا، شۇ جۇجۇمۇ ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شۈيشاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى بۇ دادام جەڭ قىلغان جاي».

شۇ چىڭ، 1958 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇغۇلغان، ئەنخۇي ئۆلكىسى فېيدۇڭ ناھىيەسىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى، 1981 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. ساقچى بولغان 14 يىلدا شۇ چىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 21 قېتىم قولغا قورال، پىچاق ئالغان قارا نىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن، ئۇ ھەممىشە بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ بېرىپ جىنايەت گۇماندارى بىلەن ئېلىشاتتى؛ ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم يارىلانغان، بىر قېتىم ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغان. 1995 - يىلى 7 - ئايدا، خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، شۇ چىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، ئىككى ئايدىن كېيىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ئۇ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان مەزگىلدە، قورالغا چېتىشلىق بەش دېلونى پاش قىلغان، زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىدىن 24نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. شۇ چىڭ قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ يىلدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 300 نەچچىنى پاش قىلىپ، 600دىن ئارتۇق جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇپ، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم ۋۇخەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بېرىلگەن.

1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە، شۆبە ئىدارىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى جياڭئەن رايونى دەنشۈيچىدىكى ئايرىم ھويلىلىق ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىچىگە بىر زەھەر ئەتكەسچىلىك شايكىسىنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەن. چوڭ ئەترەت كېچىلەپ ئون خەلق ساقچىسىنى تەشكىللەپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەر سائەت 1لەردە، خەلق ساقچىسى خۇ گويۇڭ قاتارلىق ئالتە كىشى شەپە چىقارماي ھويلىغا كىرگەن، ئۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ سىرتىدىكى بالكونغا ئەمدىلا كىرگەندە، قارا نىيەتلەر بايىقاپ قالغان. قارا نىيەتلەر قورال كۆتۈرۈپ خەلق ساقچىلىرىغا ئوق چىقارغان، ئوت كۈچىنىڭ تەسىرىدە، خەلق ساقچىسى خۇ گويۇڭ، خۇ جيەنشىنلار ئىككىنچى قەۋەتتىكى بالكوننىڭ دېرىزىسى ئاستىغا قاپسىلىپ قېلىپ يا كىرەلمىگەن، يا چېكىنىپ چىقالمىغان، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان.

شۆبە ئىدارىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان شۇ چىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال خەلق ساقچىسى ماۋ تىڭگو، لو شېڭ قاتارلىقلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يېنىدىكى خەلق ساقچىسى ماۋ تىڭگوغا: «مەن ئەترەت باشلىقى، مەن ئاۋۋال چىقاي!» دېگىنىچە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن تۆمۈر ئىشىككە يامىشىپ چىققان، ئۇ بىر تەرەپتىن يامىشىپ، بىر تەرەپتىن قورالنى چىقىرىپ باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربە بەرگەن. تۆمۈر ئىشىكتىن يېرىم ئارتىلىپ ئۆتكەندە، قارا نىيەتلەر ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقان، شۇ چىڭ ئىشىك ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشكەن. دەل شۇ پەيتتە، قاپسىلىپ قالغان خۇ گويۇڭ، خۇ جيەنشىنلار دەرھال پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشۈپ، خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. قاراڭغۇدا، ماۋ تىڭگو شۇ چىڭنىڭ بېلىكىدىن تارتىپ ھويلا تېمىنىڭ كەينىگە سۆرەپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى بايقىغان. شۇ چىڭ دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان.

ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تېزلىكتە ساقچى كۈچلىرىنى تەشكىللەپ قورشاپ تۇتقان. ئىككى سائەت كەسكىن ئېتىشىش ئارقىلىق، باش جىنايەتچى ۋاڭ X ۋە ئۇنىڭ تۆت شېرىكىنى تۇتۇپ، نەق مەيداندا بەش ئوۋ ملتىقى، تۆت قىڭراق ۋە نۇرغۇن ئوقنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ شايكىنىڭ دېلو سادىر قىلىپ قېچىپ يۈرگەن قالغان ئۈچ ئەزاسىمۇ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تۇتۇلغان. شۇ چىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

24 يىلدىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچتىكى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە، «مەن ئەترەت باشلىقى، مەن ئاۋۋال چىقاي!» دېگەن سۆزنى ئەسكە ئالغىنىدا، يېشى 50تىن ئاشقان ماۋ تىڭگو يەنىلا كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، شۈيشاڭ شۆبە ئىدارىسى ياش خەلق ساقچىلىرىنى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ قەبرە سۈپۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ، ئۇلار ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى ئەسلەيدۇ، ئۇلارغا ماتەم بىلدۈرىدۇ.